# ساد سۈرىسىدىكى سەجدە تەكىتلەنگەن سەجدىلەردىن ئەمەس، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ساد سۈرىسىدىكى سەجدە تەكىتلەنگەن سەجدىلەردىن ئەمەس، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: «ساد سۈرىسىدىكى سەجدە تەكىتلەنگەن سەجدىلەردىن ئەمەس»، يەنى: ساد سۈرىسىدىكى تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىپ ئەمەس بەلكى سۈننەت بولۇپ، ئۇنىڭدا سەجدە قىلىشنى تەكىتلەيدىغان بۇيرۇق كەلمىگەن، بەلكى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سەجدىنى ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ قىلغانلىقى خەۋەر شەكلىدە كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تائالانىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى كەچۈرۈم قىلغانلىق نېمىتىگە شۈكۈر ئېيتىپ سەجدە قىلغان، نەسائى نەقىل قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ سەجدىنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام تەۋبە قىلىپ قىلغان، بىز ئۇنى شۈكرى قىلىپ سەجدە قىلىمىز» دېگەنلىكى شۇنى كۆرسىتىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/11238

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee